شىنجاڭ ياخشى جاي

شىنجاڭ ئاقىل ساياھەت باشقۇرۇش سۇپىسى ھەم ئالدىن كېلىشىش سىستېمىسى ماس قەدەمدە تورغا چىقىرىلدى

# A دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەنزىرە رايونلىرىنى ۋاقىتقا بۆلۈپ ئالدىن كېلىشىش تولۇق قاپلىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **رىن جياڭ، ياۋ گاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، «شىنجاڭ ئاقىل ساياھەت» باشقۇرۇش سۇپىسى ھەم «شىنجاڭ مەنزىرە رايونلىرىنى ئالدىن كېلىشىش» سىستېمىسىنىڭ توردا ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى A دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ھەممىسىدە توردا ۋاقىتقا بۆلۈپ ئالدىن كېلىشىپ باشقۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنى ئاقىللاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يېڭى باسقۇچقا كىردى.

«شىنجاڭ مەنزىرە رايونلىرىنى ئالدىن كېلىشىش» سىستېمىسى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى توردا ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن «شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» سۇپىسىغا تايىنىپ، ئالدىن كېلىشىش، بېلەت سېتىۋېلىش قاتارلىقلار بىر گەۋدىلەشكەن مەشغۇلاتلارنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ھەرقايسى مەنزىرە رايونلىرى «شىنجاڭ مەنزىرە رايونلىرىنى ئالدىن كېلىشىش» ۋېيشىن كىچىك پروگراممىسى ئارقىلىق، ئەمەلىي ۋاقىتلىق توردا ۋاقىتقا بۆلۈپ ئالدىن كېلىشىپ باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. ساياھەتچىلەر ۋېيشىندا «شىنجاڭ مەنزىرە رايونلىرىنى ئالدىن كېلىشىش» كىچىك پروگراممىسىنى بىۋاسىتە ئىزدەپ ئالدىن كېلىشسە بولىدۇ.

ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى A دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 440 مەنزىرە رايونى، بىكىتۋەندىكى 4A دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 18 مەنزىرە رايونىنىڭ ھەممىسىدە «شىنجاڭ مەنزىرە رايونلىرىنى ئالدىن كېلىشىش» ۋېيشىن كىچىك پروگراممىسى ئارقىلىق ئالدىن كېلىشىشكە بولىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى بايلىق ئېچىش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى جاڭ چۈنمىڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: كېيىنكى قەدەمدە «شىنجاڭ مەنزىرە رايونلىرىنى ئالدىن كېلىشىش» ۋېيشىن كىچىك پروگراممىسى مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ئىشىك بېلىتىنى زاكاز قىلىش، توردا چىقىم قىلىش، بېلەت تەكشۈرۈپ كودنى سىكانىرلاپ باغچىغا كىرىش قاتارلىقلار بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، ساياھەتچىلەر ئالدىن كېلىشىپ مۇۋاپىق ۋاقىت ئايرىلىقى قالدۇرۇپ ساياھەت قىلىشقا يېتەكلىنىدۇ.

«‹شىنجاڭ مەنزىرە رايونلىرىنى ئالدىن كېلىشىش› سىستېمىسى ھەرقايسى ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ‹چەك قويۇش، ئالدىن كېلىشىش، ۋاقىت ئايرىلىقى قالدۇرۇش› تەلىپىگە يېتىشىگە كۈچەپ ياردەم بېرىپ، ‹ئالدىن كېلىشىپ ساياھەت قىلىش›نى دائىملاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ساياھەت باشقۇرۇشىنى تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرىدۇ، ئىنچىكىلەشتۈرىدۇ، يۇقىرى ئۈنۈملۈكلەشتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەنزىرە رايونلىرىنى توردا ۋە تور سىرتىدا بىرلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر گۈلى ئابلىم.

«شىنجاڭ ئاقىل ساياھەت»نىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇش تۈرىدە 2018 ـ يىلى تۈر تۇرغۇزۇش باشلانغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «بىر مەركەز، ئىككى سۇپا» (ساياھەت چوڭ سانلىق مەلۇمات مەركىزى، ئاقىل ساياھەت باشقۇرۇش سۇپىسى، ئاقىل ساياھەت ماركېتىڭى ھەم مۇلازىمەت سۇپىسى) يادرولۇق قۇرۇلۇش تۈرى ھېسابلىنىدۇ. «شىنجاڭ ئاقىل ساياھەت» باشقۇرۇش سۇپىسىنىڭ توردا ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى «بىر مەركەز، ئىككى سۇپا»نىڭ ھەممىسىنىڭ توردا ئەمەلىي قوللىنىلىپ، شىنجاڭ ئاقىل ساياھەت سىستېمىسىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىنغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«‹شىنجاڭ ئاقىل ساياھەت› باشقۇرۇش سۇپىسى بۇلۇت ھېسابلاش، چوڭ سانلىق مەلۇمات، نەرسە تورى، ئەقلىي ئىقتىدار، 5G، AR/VR، ئاستا بىۋاسىتە كۆرسىتىش قاتارلىق زامانىۋى ئالاقە تورى ئەمەلىي قوللىنىشچان تېخنىكىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەر، تىجارەت سودىگەرلىرى، مەنزىرە رايونلىرىنىڭ سانلىق مەلۇماتى، OTA قاتارلىق ساياھەتكە چېتىشلىق بايلىقلارنى بىرىكتۈرىدۇ، باشقۇرغۇچىلار كەسىپ كۆزىتىش سۇپىسىنىڭ ھەرىكەت ھالىتى ئارقىلىق، مەنزىرە رايونىنىڭ ئەمەلىي ۋاقىتلىق ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ساياھەتچىلەرنى قولايلاشقان، رەقەملەشكەن، ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان ساياھەت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى ساياھەتچىلىكنى تەشۋىق قىلىش ـ كېڭەيتىش مەركىزىنىڭ مۇدىرى لى مىڭ تونۇشتۇرۇپ.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى خوۋ خەنمىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئاساسىدا، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ساياھەت بايلىقى چوڭ رايوندىن ساياھەت ئىقتىسادى كۈچلۈك رايونغا ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش ئاقىل ساياھەتچىلىكنىڭ كۈچلۈك تىرەك بولۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ. «بىر مەركەز، ئىككى سۇپا»نىڭ ھەممىسىنىڭ توردا ئەمەلىي قوللىنىلىشى شىنجاڭنىڭ ساياھەتنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئەنئەنىۋى باشقۇرۇش ئۇسۇلىدىن ئۇچۇرلاشقان، تورلاشقان، ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان ئۇسۇلغا قاراپ مۇھىم بىر قەدەم تاشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.



**ياز پەسىللىك ئوتلاق كۆچۈش**

**7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئىلى چېگرا باشقۇرۇش تارماق ئەترىتى بەيشفېڭ چېگرا ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىلىرى چارۋىچىلارنىڭ ئوڭۇشلۇق ئوتلاق كۆچۈشىگە ياردەملەشمەكتە. 7 ـ ئاي دەل موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىدىكى چارۋىچىلار ياز پەسىللىك ئوتلاق كۆچىدىغان مەزگىل بولۇپ، شۇ جايدىكى چارۋىچىلارنىڭ كالا ـ قويلىرىنى ھەيدەپ، تۆگىلىرىنى يېتىلەپ ياز پەسىللىك ئوتلاق كۆچۈشى يايلاقتىكى بىر يارقىن مەنزىرىگە ئايلاندى.**

**□ ۋۇ چېنلۇڭ فوتوسى**

يازلىق تەتىلدە نەگە بېرىپ ئوينايمىز؟

# ئون ئېسىل لىنىيە سىزنى ئېلىپ شىنجاڭنى بەھۇزۇر ساياھەت قىلدۇرىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ گاڭ، رىن جياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئارقا كۆرۈنۈشىدە، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى يازلىق تەتىللىك ئون ئېسىل ساياھەت لىنىيەسىنى ئېلان قىلدى، بۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ ساياھەت بازارلىرىنىڭ جانلىنىشىنى تېز قوزغىتىش مەقسەت قىلىنغان.

بۇ قېتىم ئېلان قىلىنغان ئون ئېسىل لىنىيەنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، قەشقەر، غۇلجىدىن ئىبارەت تۆت جايدىن يولغا چىقىپ، شىنجاڭدىكى ئەڭ ياخشى سۈرەتكە تارتىش نۇقتىلىرى، تەتقىقات ـ ئۆگىنىش بازىلىرى، قىزىل ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ساياھەتچىلەرنى مەنزىرىلەردىن ھوزۇرلىنىش، توردا ئالقىشلانغان مەنزىرە نۇقتىلىرىغا چوقۇم بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش بىلەن بىللە، يەنە تەتقىقات ـ ئۆگىنىش قاتارلىق ئالاقىدار مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈپ، ئائىلىۋى ساياھەتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا، قىزىقارلىققا ئىگە قىلىدۇ.

ئون ئېسىل لىنىيە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا: مەركىزىي شەھەر بۇلۇت ساياھىتى، كوئېنلۇندا ئۇچرىشىش —— ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ بىر كۈنلۈك ساياھەت قىلىش لىنىيەسى؛ جىمسار ـ گۇچۇڭ ـ مورى بۇغدايلىق سەپىرى —— ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ ئىككى كۈنلۈك ساياھەت قىلىش لىنىيەسى؛ غەربكە سەپەر خاتىرىسى . قەشقەر سەپىرىدە سۈرەتكە تارتىشنى ھېس قىلىش ئۈچ كۈنلۈك ساياھەت لىنىيەسى؛ يۇلتۇزلۇق كېچىلەردە دالىدا قونۇش، داخەيداۋدىن كېسىپ ئۆتۈش سەپىرىنى سۈرەتكە تارتىش ئۈچ كۈنلۈك ساياھەت لىنىيەسى؛ تىيانشان چوققىسىدىن ھالقىش، مايتاغ ـ كۈچادىن كېسىپ ئۆتۈش بەش كۈنلۈك ساياھەت لىنىيەسى؛ ئوتلاق گۈل دېڭىزى. ئىلى سەپىرىنى سۈرەتكە تارتىش بەش كۈنلۈك ساياھەت لىنىيەسى؛ مۇز ۋە ئوت كاتتا زىياپىتى. جاھان كېزىش بەش كۈنلۈك ساياھەت لىنىيەسى؛ چۆچەكلەر دۇنياسى. تەتقىقات ـ ئۆگىنىش، سەيلە قىلىش سەپىرىنى سۈرەتكە تارتىش بەش كۈنلۈك ساياھەت لىنىيەسى؛ شىمالىي شىنجاڭ مەنزىرىسى. ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ساياھەت سۈرەتچىلىكى بەش كۈنلۈك ساياھەت لىنىيەسى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ مەنزىرىسى. قەدىمكى غەربىي يۇرتنىڭ سىرىنى ئىزدەش ئالتە كۈنلۈك ساياھەت لىنىيەسىدىن ئىبارەت.

# ئاپتونوم رايونىمىز قاتناش كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇلۇشى بويىچە نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرىدۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتى قاتناش ـ ترانسپورت مىنىستىرلىقىغا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قاتناش كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇلۇشى بويىچە نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى يولغا قويۇش لايىھەسى»نى سۇنۇپ، نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان مەزمۇننى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە ۋە ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە ئايرىم ـ ئايرىم ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان نىشاننى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

قاتناش ـ ترانسپورتنى يۇقىرى سەۋىيەدە سىرتقا ئېچىۋېتىش جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز خەلقئارا ئەشيا ئوبوروتى تۈگۈنى ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىدۇ، خەلقئارا تۆمۈريول يۈك ترانسپورت ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىدۇ، ئىككى تەرەپلىك ۋە كۆپ تەرەپلىك خەلقئارا يول ترانسپورت كېلىشىمىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ، خەلقئارا يۈك ترانسپورتى ئاۋىياتسىيە تۈگۈن قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، پورت ئەشيا ئوبوروتى مۇلازىمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدۇ.

رايون ھالقىغان ئۇنىۋېرسال ترانسپورت چوڭ يولى قۇرۇلۇشى جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز چېگرا ھالقىغان قاتناش ئۇل ئەسلىھەلىرىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىدۇ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يولى قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى تېزلىتىدۇ.

ئۇنىۋېرسال قاتناش تۈگۈنىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىدۇ، شىنجاڭ خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتىنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئەلالاشتۇرىدۇ ۋە ئۆستۈرىدۇ، خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتىنىڭ تىجارەتنى تەشكىللەش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدۇ، تۈگۈن ئىقتىسادىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرىدۇ.

قاتناش ۋە ساياھەت قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتى جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەت ـ قاتناش تورىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، يۇرۇشلۇق ئەسلىھەلەرنىڭ ساياھەت مۇلازىمىتى ئىقتىدارىنى تاكامۇللاشتۇرىدۇ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرىدۇ، «قاتناش + ساياھەت»نى بىرگەۋدىلەشتۈرۈپ ئېچىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇن ئىستېمالىغا بولغان زۆرۈر ئېھتىياج ئېشىپ، ئەلا سۈپەتلىك بۇغدايىنى مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈر بولۇپ قالدى.

مۇخبىرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونىمىز جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكى، چۆچەك ـ دۆربىلجىن ئويمانلىقى، تارىم ئويمانلىقى قاتارلىق يەتتە بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش رايونىدىكى 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ 42 ئەۋزەل رايونىدىكى ئاساسلىق بۇغداي ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ناھىيە، شەھەردە بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش ئەۋزەل رايونلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەۋزەل رايونلارغا مەركەزلىشىشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، بۇغداي بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدىكەن.

بۇ جەرياندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتا «شىنجاڭ ئىچىدە تەڭپۇڭلىشىش، ئازراق ئېشىنچا بولۇش» ئاساسىي پىرىنسىپىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، «ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يەرگە باغلاش، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تېخنىكىغا باغلاش» ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، ئاشلىق تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بۇغداي تېرىش يېتەكچى پىلانىنى داۋاملىق چۈشۈرۈپ، بۇغداي قاتارلىق ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرىدۇ. ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە، شىمالىي شىنجاڭدا كۈچلۈك تىندۇرما بۇغداي، ئورگانىك بۇغداي، مول سېلېنلىق بۇغداي قاتارلىق ئەلا سۈپەتلىك مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان بۇغدايىنى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئېھتىياجنىڭ ئۈنۈملۈك جىپسىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى مەۋقەنى ئوزۇقلۇق ئاشلىقنىڭ مۇتلەق بىخەتەرلىككە قويۇپ، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق، مېۋىلىك دەرەخ بىلەن ئاشلىقنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش ئەندىزىسىگە ماس كېلىدىغان يېڭى بۇغداي سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش، كېڭەيتىشنى تېزلىتىپ، بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇشتىن مىقدار، سۈپەتنى ئورتاق ئۆستۈرۈشكە قاراپ ئۆزگەرتىشنى ئالغا سىلجىتىدۇ. پۈتۈن ئاپتونوم رايون تېرىلغۇ يەر سۈپىتى سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك ئاشلىق ئېتىزى بەرپا قىلىپ، ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، ئاشلىق ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇپ مول ھوسۇل ئېلىش ئاساسىنى پۇختىلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون يەنە خاسلىقى روشەن، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان ئەۋزەل كەسىپ بەلبېغى بەرپا قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوبوروتنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

2022 ـ يىلغا بارغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز ئەلا سۈپەتلىك، يېشىل، ئورگانىك بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 3 مىليون 500 مىڭ مودىن كەم بولماسلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇغداي مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئاشلىقنى بازارلاشتۇرۇپ، كەسىپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش يېڭى ئەندىزىسىنى تەدرىجىي بەرپا قىلىدۇ. 2025 ـ يىلغا بارغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا سۈپەتلىك، يېشىل، ئورگانىك بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمى 4 مىليون مودىن كەم بولمايدۇ، كاپالەتلىكى تېخىمۇ كۈچلۈك، ئىشلىتىلىش ئورنى تېخىمۇ كۆپ مەنبەلىك، ماس كېلىش دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ، قۇرۇلمىسى تېخىمۇ مۇۋاپىق بولغان ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن بەرپا قىلىنىدۇ، بۇغداي كەسپى يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان، يېشىل بولغان ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك تەرەققىيات يولىغا قەدەم قويىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز بۇغداي سېتىۋېلىش ـ زاپاس ساقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇ يېرىنىڭ مۇنبەتلىكىنى قوغداش ياردەم تولۇقلىمىسى ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈپ، بۇغداي يېڭى سورتىنى كېڭەيتىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بىر قاتار سىياسەت تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئىدىيەسى ۋە ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئاشلىق تېرىيدىغان دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوغدىدى، شۇنداقلا پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە بۇغداي كەسپىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە پۇختا ئاساس سالدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)